السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ئەييۇب ئەلەيھىسسالام يالىڭاچ يۇيۇنۇۋاتقاندا ئۈستىگە بىر ئالتۇن چېكەتكە چۈشتى

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئەييۇب ئەلەيھىسسالام يالىڭاچ يۇيۇنۇۋاتقاندا ئۈستىگە بىر ئالتۇن چېكەتكە چۈشتى، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۇنى كىيىمى بىلەن ئورىغىلى تۇرۇۋىدى، ئاللاھ تائالا: «ھەي ئەييۇب! مەن سېنى سەن كۆرۈپ تۇرغان بۇ نەرسىدىن بىھاجەت قىلمىدىممۇ؟» دەپ نىدا قىلدى، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام: «ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، شۇنداق، لېكىن مەن سېنىڭ بەرىكىتىڭدىن بىھاجەت ئەمەسمەن» دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام يالىڭاچ يۇيۇنۇۋاتقاندا ئۇنىڭ ئۈستىگە چېكەتكە شەكلىدىكى نۇرغۇن ئالتۇن چۈشتى، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئېلىپ كىيىمى بىلەن ئورىغىلى تۇرۇۋىدى، ئاللاھ تائالا: «ھەي ئەييۇب! مەن سېنى بۇنىڭدىن بىھاجەت قىلمىدىممۇ؟» دەپ نىدا قىلدى، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام: «سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، شۇنداق، لېكىن مەن ئۇنى ئاچكۆزلۈكتىن، دۇنياغا ھېرىسمەنلىكتىن ئالمىدىم، ھەقىقەتەن ئۇ سېنىڭ بەرىكىتىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئالدىم» دېدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5774

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee